# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 11 ـ ئاي

9

دۈشەنبە

维吾尔文 11 月9日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25240 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چۆللۈكتە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق ئۇچقۇنى يالقۇنجىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ جۈڭكەي، دىڭ لېي

جەنۇبىي شىنجاڭ تىلغا ئېلىنسا، خىيالىڭىزغا قانداق مەھسۇلاتلار كېلىدۇ؟ «مېۋە ـ چېۋە» «كالا ـ قوي» «دوپپا» «كىيىم ـ كېچەك»... بۇلار نۇرغۇن كىشىلەر ئويلاپ يېتەلەيدىغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرى. كوئېنلۇن تېغى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، كەسىپ ئاساسى ئاجىز، مەھسۇلاتلىرى چەكلىك ھەم دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن. ھالبۇكى، قۇملۇق بويىدىكى چىرا ناھىيەسىدە، چۆل ـ جەزىرىدە باشقىچە «جەنۇبىي شىنجاڭ ياسىمچىلىقى» ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

چىلان يېپىپ قۇرۇتۇلۇۋاتقان بىر پارچە يەردىن ئۆتۈپ، مۇخبىرلار يېقىندا دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيەسى بويىدىكى چىرا ناھىيەسىنىڭ تيەنجىن سانائەت باغچە رايونىغا كەلدى. 2009 ـ يىلى تيەنجىن بىلەن چىرا ئورتاق قۇرغان بۇ باغچە رايونى ئىلگىرى بىر چۆللۈك ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە 60تىن ئارتۇق كارخانا ماكانلىشىپ، شۇ جايدىكى يادرولۇق بولغان كەسىپلەر توپلانغان رايونغا ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولىدا ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# «ئىككى يول» روھى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك

## لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولىدا ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنى قۇرۇش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەش، غەربىي قىسىم رايونلار، بولۇپمۇ سىچۈەن ـ شىزاڭ ئىككى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى بويىدىكى يەر شەكلى گېئولوگىيەسى ۋە كىلىمات شارائىتى مۇرەككەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز، رېمونت قىلىش ـ قۇرۇش قىيىنلىق دەرىجىسى دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدۇ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇ شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش كېرەك. دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى سۈبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە سىچۈەن ـ شىزاڭ ئىككى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللەپ يولغا قويۇشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش قىزغىن دولقۇننى قايتا كۆتۈرۈۋالدى

### يىل ئىچىدە ئۈچ شىركەت A پاي چېكى بازىرىغا كىردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈگفېي خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خوڭتۇڭ يېقىلغۇ گازى پاي چەكلىك شىركىتى شاڭخەي ئاكسىيە سودا بازىرىنىڭ ئاساسىي بۆلىكىدە پېيىنى بازارغا سالدى، بۇ، غەربىي رايون ساياھەتچىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى، تيانشان ئاليومىن پاي چەكلىك شىركىتىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يىل ئىچىدە A پاي چېكى بازىرىغا پېيىنى بازارغا سالغان ئۈچىنچى شىركەت. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىن A پاي چېكى بازىرىغا پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 59 غا يېتىپ، سان جەھەتتە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى سىستېمىسىنى كۆپ يىل يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كارخانىلار پېيىنى بازارغا سېلىشتا «پەلەمپەيسىمان ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، جىپسىلاشتۇرۇشى تەرتىپلىك بولۇش، سىجىل تۈرتكە بولۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ يىل، پېيى بازارغا سېلىنغان ئۈچ كارخانىدىن سىرت،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## «كەپتەر يۇرتى» كەپتەرچىلىكنى زورايتىشقا كۆچىدى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ⑮

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى ئىختىيارىي مۇخبىر سىدىق مىجىت

«كەپتەر شامال يۆنىلىشىدە تېز ئۇچىدۇ. مەن ھازىر كەپتەر باقىمەن، سىياسەتنىڭ قوللىشى، كارخانىنىڭ ياردىمى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تۈرتكىسى بولغاچقا، باقمىچىلىق ئىشلىرىم شامال يۆنىلىشىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرگە ئوخشايدۇ» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيەسى پەيشەنبە بازار يېزىسى پەيشەنبە بازار كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قۇربان ئايۇپ.

بۇ يىل 70 ياشقا كىرگەن قۇرباننىڭ كەپتەر بېقىۋاتقىنىغا 30 يىل بولدى. ئۆزىنىڭ ياشنىپ قالغان ۋاقتىمۇ كەپتەرلەرنى بارغانسېرى ياخشى بېقىۋاتقانلىقى ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھويلا ـ ئاران باقمىچىلىق رايونىدا 200دىن ئارتۇق كەپتەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇ ھەر ئايدا كەپتەر سېتىپ ئاز دېگەندە 800 يۈەن كىرىم قىلىدۇ.

كەپتەرخانىدىكى «بۇقۇلداۋاتقان» كەپتەرلەرگە قاراپ، قۇربان مۇخبىرلارغا كىرىم ئاشۇرۇش ھېساباتىنى قىلىپ بەردى: ئالدىنقى يىللاردا بىر كەپتەرنى 10 يۈەندىن 13 يۈەنگىچە ساتاتتىم، ھازىر 25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە ساتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئىلمىي بېقىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ

## ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاش، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ قەشقەردىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئۈچ ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۇتقۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئۈچ ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۇتقۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


扫码下载 石榴云 客户端

新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn

新 疆 报 业 传 媒 集 团


3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇپ تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى



يەنە چىلاندىن مول ھوسۇل ئېلىش ۋاقتى كەلدى

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خوتەن ناھىيەسىگە جايلاشقان شىنجاڭ چىلان(خوتەن) توپ سېتىش بازىرىدا، ئىشچىلار چىلان ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش رايونىدا ئالدىراش ئىشلىمەكتە. 11 ـ ئاي كىرگەندە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان خوتەن ۋىلايىتىدىكى 890 مىڭ مو يەردىكى چىلان كەڭ كۆلەمدە يىغىۋېلىش باسقۇچىغا كىردى، چىلانچى دېھقانلار چىلان قېقىش، چىلان يىغىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ھەممە جاي مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لېي فوتوسى

جەنۇبىي شىنجاڭدا 3578 نەپەر كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى تاللاپ تەكلىپ قىلىندى

## خەلق ئىشلىرى مۇلازىمىتى بويىچە «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» تۇتاشتۇرۇلدى

سۇبيېكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئىككى يىل نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە، 3578 نەپەر كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىدە جانلىنىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى مۇلازىمىتى بويىچە «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرغان.

زۇلپىيە سەيدىمەمەت بۇلتۇر قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىكىگە تەكلىپ قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ناھىيەنىڭ ئاقساراي يېزىسى خۇمدان كەنتىنىڭ خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئۇ كۈندىلىك ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، ئائىلە كىرىمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىنى دەل جايىدا بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەم بەردى، ھەم ئائىلىلەرگە كىرىپ پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئېبىز ئابدۇرېشىت مۇنداق تونۇشتۇردى: خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

پەيزاۋات ناھىيەسى:

## كۆچىنى مۇجەسسەملەپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى چىن ھېسسىيات بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش . قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«بۇ يىل 6 ـ ئايدا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك سۇ يەتكۈزۈلدى، ھەممە ئائىلە بىخەتەر سۇ ئىچەلەيدىغان بولدۇق...» 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جانباز يېزىسى يېپەكچى كەنتىدىكى پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى تۇرسۇن قادىر مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ بىرنەچچە يىلدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆۋەن چەككە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نۇرغۇن خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پەيزاۋات ناھىيەسى قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلغىلى، سەزگىلى بولىدۇ.

### بىخەتەر سۇ ئىچىش خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى

بۈگۈنكى كۈندە، يېپەكچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇقېيۇم قۇربان ھەر قېتىم باشقىلارغا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تاتلىق تۇرۇبا سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، باشمالتىقىنى چىقىرىدۇ.

بۇ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئابدۇقېيۇمنىڭ ئائىلىسىدە يۈزبەرگەن بۇ خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن بولدى. 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 460 مىڭ خەلق «قىرتاق، تۇزلۇق سۇ» ئىچىش تارىخى بىلەن خوشلىشىپ، تاتلىق تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى.

ئابدۇقېيۇم مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى نۇرغۇن دېھقان ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ كۆل سۈيى ئىچىپ كەلگەن، كۆلدىن سۇ ئېلىش، سۇ توشۇشنىڭ جاپاسىنى دېمەيلا قويايلى، ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن سۇنى سۈزۈلدۈرۈپ، تىندۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلەتكىلى بولاتتى. 2005 ـ يىلى، پەيزاۋاتنىڭ يېزا ـ بازارلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن تۇرۇبا سۈيى ئۇلاندى. كۆل سۈيى بىلەن خوشلىشىپ سۇ خېلىلا پاكىزلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن مەسىلە بار ئىدى.

پەيزاۋات تەۋەسىدە يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدۇ، ئالاھىدە يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۇزلۇقلۇقى ھەم سۇ رايى گېئولوگىيە شارائىتى قىسمەن رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇلفات، فتورىد قاتارلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سۇ سۈپىتى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ سۇنى ياخشىلىغان بىلەنمۇ، بىرلا يەر تەۋرىسە يەنە قىرتاق، تۇزلۇق سۇغا ئۆزگىرىپ كېتەتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)